سەلتەنەتلىك 70 يىل كۈرەشچان يېڭى دەۋر

# ئايال تراكتورچىنىڭ شان ـ شەرىپى

## —— بىڭتۇەن نېفىت چەكلىك شىركىتى 8 ـ شى شىخەنزە شەھەرلىك شۆبە شىركىتىنىڭ پېنسىيەگە چىققان كادىرى جىن ماۋفاڭ توغرىسىدا خاتىرە

ئەڭ گۈزەل كۈرەش قىلغۇچى

□ مۇخبىرىمىز جاڭ شياۋيەن

جىن ماۋفاڭ، 1952 ـ يىلى چېگرا رايون قۇرۇلۇشىغا قاتنىششقا تىزىملاتقان، شىنجاڭدىكى 1 ـ ئەۋلاد ئايال تراكتورچى، بىڭتۇەندىكى 1 ـ ئەۋلاد بوز يەر ئۆزلەشتۈرگۈچى ھەربىي، ئۇ نۇرغۇن شان ـ شەرەپكە ئېرىشكەن. «ئەڭ گۈزەل كۈرەش قىلغۇچى» بولۇپ سايلانغاندا ياشنىپ قالغان ئۇ ھاياجانلىنىپ مۇنداق دېدى: ھاياتىمدا ئېرىشكەن بۇ شەرەپ ئەڭ شەرەپلىك.

1933 ـ يىلى تۇغۇلغان جىن ماۋفاڭ پېنسىيەگە چىقىشتىن ئىلگىرى شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى نېفىت چەكلىك شىركىتى 8 ـ شى شىخەنزە شەھەرلىك شۆبە شىركىتىنىڭ كادىرى ئىدى.

### ■ ئەمگەك ئەڭ شەرەپلىك

جىن ماۋفاڭ بوز يەر ئاچقان يىللاردىكى «تۆمۈر قىز» ئىدى.

20 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىدا، ئۇ يۇرتى شەندۇڭدىن شىخەنزىگە يېڭى كەلگەندە، تەشكىل ئۇنىڭدىن خىزمەت ئارزۇسىنى سورىغاندا، ئۇ قەتئىيلىك بىلەن ئەمگەككە قاتنىشىشنى تەلەپ قىلدى، شۇنىڭدىن باشلاپ تراكتور رېمونت قىلىش ۋە ھەيدەش تېخنىكىسىنى ئۆگەندى.

چەكسىز باياۋان ۋە كۆز يەتكۈسىز قۇملۇق جىن ماۋفاڭنى قورقۇتالمىدى، ئۇ دالىدا تۈنجى يەرنى ئاغدۇرغان ئاشۇ پەيتتە، ئۆزىنىڭ يېپيېڭى كىشىلىك ھاياتىنىمۇ «ئاغدۇرۇپ» چىققانىدى.

بىرىنچى قېتىم تراكتور ھەيدىگەندىكى ھېسسىياتى تا بۈگۈنگىچە ئۇنىڭ ئېنىق ئېسىدە —— «ئۇ ھەقىقەتەنمۇ مەغرۇرلانغۇدەك بىر ئىش ئىدى!»

جىن ماۋفاڭ ئىلگىرى ئالدىراش ھوسۇل پەسلىدە، تراكتورنى ئۇدا ئۈچ كۈندۈز تۆت كېچە ئارام ئالماي ھەيدەپ ئەمگەك قىلغان. قىش كېتىپ باھار كەلدى، ئەسلىدىكى شىخەنزە باش مەيدانى تراكتور بىلەن يەر ھەيدەش ئەترىتىدە خىزمەت قىلغان نەچچە ئون يىلدا ئۇنىڭ تراكتور ھەيدەش تېخنىكىسى بارغانسېرى پىشىپ، يەتتە يىل ۋاقىت ئىچىدە 20 يىللىق ۋەزىپىنى تاماملاش رېكورتىنى ياراتتى.

1959 ـ يىلى قىشتا، موسوۋەننى ئېچىش ئۈچۈن ماڭغان ترانسپورت ئەترىتى سەپەر جەريانىدا تۇيۇقسىز سوغۇق ئېقىمغا ئۇچرىدى، تېمپېراتۇرا نۆلدىن تۆۋەن 45 سېلسىيە گرادۇسقا چۈشۈپ قالغان بولۇپ، تراكتورنىڭ ماي تۇرۇبىسى توڭلاپ تۇسۇلۇپ قالدى. جىن ماۋفاڭ تىت ـ تىت بولۇپ ئاغزى بىلەن ماي تۇرۇبىسىنى ئىللىتماقچى بولدى، ئاغزى ماي تۇرۇبىسىغا تېگىشىگىلا بىراقلا چاپلىشىپ قالدى، ئۇ يەنە تىلى بىلەن يالاپ ئېغىزىنى ئاجراتماقچى بولدى، ئەمما تىرىسى سويۇلۇپ كېتىپ قان ئېقىپ چىقتى... ئەڭ ئاخىرىدا ئۇ يەنە بوشاشماي باشقا ئاماللارنى ئىشلىتىپ، ماي تۇرۇبىسىنى قىزىتىپ ۋەزىپىنى تاماملىدى.

### ■ مۇزېيدىكى تراكتور

تراكتورغا جىن ماۋفاڭنىڭ بىر ئۆمۈر دېگۈدەك كىشىلىك ھايات خاتىرىسى سىڭگەن.

ئۇ ئىلگىرى ھەيدىگەن «موتېس» تراكتورى ھازىر ئىنقىلابىي مەدەنىيەت يادىكارلىقى. شىخەنزىدە ئولتۇرۇشلۇق جىن ماۋفاڭ دائىم شىنجاڭ بىڭتۇەن ھەربىيلەر بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش مۇزېيىغا بېرىپ، ئۆزىنىڭ «گۆھەر»ىنى كۆرۈپ كېلىدۇ.

جىن ماۋفاڭنىڭ نەزىرىدە، ئۇ ھەيدىگەن موتورلۇق قاتناش ۋاستىسى ئۇنىڭ بالىسىغا ئوخشايدۇ. شۇ يىللاردا، ئۇ تراكتورغا سۇ قاچىلاشتا ئەزەلدىن سوغۇق سۇ ئىشلەتمەستىن، سوۋۇتۇلغان قايناق سۇ ئىشلەتتى، ماي قاچىلاشتىمۇ سۈزۈلگەن ماي ئىشلەتتى، ئۇ ھەر كۈنى موتورلۇق قاتناش ۋاستىسىنى پاك ـ پاكىز سۈرتەتتى. شۇ چاغدا بىڭتۇەندە مۇشۇنداق تراكتوردىن سەككىزى بار بولۇپ، پەقەت جىن ماۋفاڭ ھەيدىگەن بۇ بىرسىلا ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان.

«ھازىر ياخشى بولدى، تراكتور مۇزېيغا كىرگۈزۈلدى، مەن خاتىرجەم بولدۇم» دېدى جىن ماۋفاڭ خۇشال ھالدا.

### ■ ۋەتەن ئۈچۈن ئالقىش ياڭرىتىش

كېيىن جىن ماۋفاڭ نېفىت تارمىقىغا يۆتكىلىپ تاكى پېنسىيەگە چىققۇچە ئىشلىدى. ھازىر ئۇ شىخەنزە شەھرىدە ئاخىرقى ئۆمرىنى بەخت ئىچىدە خاتىرجەم ئۆتكۈزمەكتە.

بۈگۈنكى كۈندە، جىن ماۋفاڭ ئىلگىرى كۈرەش قىلغان چۆل ـ باياۋاندا يېپيېشىل دەرەخلەر سايە تاشلىدى، قاتار كەتكەن زامانىۋى بىنالار قەد كۆتۈردى، كەڭ، ئازادە، تۈپتۈز يوللاردا ئاپتوموبىل ئېقىمى ئۈزۈلمەيدۇ. شەخەنزىدە ئايرودۇرۇم بار بولدى، نەچچە سائەتتىلا جىن ماۋفاڭ يۇرتىغا قايتالايدىغان بولدى؛ ئىلگىرى بىر پارچە خەتنىڭ يۇرتىغا يېتىپ بېرىشى ئۈچۈن بىر ئاي كېتەتتى، ھازىر ئۇ يىراقتىكى ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى بىلەن دائىم سىنلىق پاراڭلىشالايدۇ...

پېنسىيەگە چىققاندىن كېيىنكى جىن ماۋفاڭ خەتتاتلىقنى مەشىق قىلىش، بەدەن چېنىقتۇرۇشتىن باشقا، يەنە ھەر خىل ئاممىۋى پاراۋانلىق پائالىيەتلىرىگە ئاكتىپ قاتناشتى. بۈگۈنگىچە ئۇنىڭ تراكتورغا بولغان ھەۋىسى پەسەيگىنى يوق، دائىم تېلېۋىزور قاتارلىقلارنى كۆرۈش ئارقىلىق تراكتوردىكى ئەڭ يېڭى ئۆزگىرىشلەرنى ئىگىلەپ تۇرىدۇ.

سۈنئىي ئەقلىي ئىقتىدار كونتروللۇقىدىكى شوپۇرسىز تراكتور ئۇنى ئىنتايىن ھەيران قالدۇردى. بۇلتۇر يازدا، مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ «پەم ـ پاراسەتلىك ئادەم» پروگراممىسىغا قاتناشقاندا، ئۇ شوپۇرسىز تراكتورغا چىقىشقا تەكلىپ قىلىندى. بۇ ئىشنى تىلغا ئالغاندا، جىن ماۋفاڭ يەنىلا قاتتىق ھاياجانلىنىدۇ: «ئىلگىرى ھەيدىگىنىمنىڭ ھەممىسى سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىشلەپچىقىرىلغان تراكتورلار ئىدى، ئەقلىي ئىقتىدار كونتروللۇقىدىكى شوپۇرسىز تراكتورنى تېخى ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغانىدىم، بۇ، بىزنىڭ ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ تەرەققىي قىلىپ قۇدرەت تاپقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەن ھەقىقەتەن تولىمۇ پەخىرلەندىم، ۋەتەن ئۈچۈن ئالقىش ياڭرىتىمەن!»

# دۆلەت بايرىمى مەزگىلىدە بىرىنچى سەپتە چىڭ تۇرغان شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بەرگۈچىلەر

(بېشى 1 ـ بەتتە)

«بۈگۈن كېسەلخانىدا تۇغۇش ئالدىدا تۇرغان جەمئىي 17 ئايال بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئىككىسىدە تۇغۇش ئالامىتى كۆرۈلدى، ھەر ۋاقىت كۆزىتىشكە توغرا كېلىدۇ» دېدى ۋاڭ يىڭ.

گەرچە ئائىلىسىدىن ئونمىڭ چاقىرىم يىراقلىقتا تۇرۇپ، قەلبىدە بىر جۈپ ئوغۇل ـ قىزىنى چوڭقۇر سېغىنسىمۇ، بىراق ئۇ تۆلەگەن بارلىق بەدەللىرىنىڭ ئەرزىيدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. «بۇ جايدىكى ھامىلىدار، تۇغۇتلۇق ئاياللارنىڭ ساغلاملىقى ۋە بىخەتەرلىكىنى قوغداش مەن ئۈچۈن ئەڭ پەخىرلىك ۋە بەختلىك ئىش».

ۋاڭ يىڭ مۇخبىرلارغا مۇنداق دېدى: دۆلەت بايرىمىلىق دەم ئېلىش مەزگىلىدە شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان داۋالاش ئەترىتى ئەزالىرىنىڭ ھەممىسى دوختۇرخانىدىن ئايرىلمىدى، «داۋالاش ئارقىلىق شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش ئىنتايىن زۆرۈر، بىز ئىككى تەرەپ داۋالاش تەجرىبىلىرىنى ئۆز-ئارا ئۆگىنەلەيمىز، شىنجاڭدىكى دوختۇرلار سىرتقا چىقماي تۇرۇپلا بىر قىسىم ئىلغار داۋالاش بىلىملىرىنى ئۆگىنەلەيدۇ. شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان دوختۇر بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتتە ‹تارقىتىش، ياردەم بېرىش، يېتەكلەش› رولۇمنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، بۇ جاي ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ تۇغۇت بۆلۈمى تېببىي خىزمەتچىلىرىنى يېتىشتۈرۈپ بېرىمەن» دېدى ۋاڭ يىڭ.

**شەندۇڭدىن كېلىپ شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان ئوقۇتقۇچى جوۋ جيەن:**

### چېگرا رايون مائارىپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن كۈچ قوشىمەن

دۆلەت بايرىمىلىق دەم ئېلىش مەزگىلىدە، شەندۇڭدىن كېلىپ شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان ئوقۇتقۇچى جوۋ جيەن ئىزچىل ئىشخانىسىدا ئالدىراش بولدى. ئۇنىڭغا بۇ مەۋسۇمدە يېڭى دەرس قوشۇلغانىدى، «دەم ئېلىش مەزگىلىنىڭ كۆپ قىسىم ۋاقتىدا مەركەزلىك دەرس تەييارلىدىم.» ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ھەر كۈنى ئۇنى ئىزدەپ ئىشخانىسىغا كېلىپ، ئىلمىي ماقالىسى توغرىسىدا ئۇنىڭ بىلەن ئۆزلۈكسىز مۇھاكىمە قىلىدىكەن.

شەندۇڭ سودا ـ سانائەت شۆيۈەنىنىڭ «ئوقۇتقۇچىلىق ئەخلاقى ئۈلگىسى» بولۇش سۈپىتى بىلەن، 2018 ـ يىلى 9 ـ ئايدا جوۋ جيەن قەشقەر داشۆسى ماتېماتىكا ۋە ئىستاتىستىكا شۆيۈەنىگە مائارىپقا ياردەم بېرىشكە ئەۋەتىلدى. شۆيۈەندە ياش ئوقۇتقۇچىلار بىر قەدەر كۆپ، پەن تەتقىقات تەجرىبىسى كەم بولۇش قاتارلىق ئەمەلىي ئەھۋاللارغا قارىتا، ئۇ تەشەببۇسكارلىق بىلەن ياش ئوقۇتقۇچىلار بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇپ، ئىلمىي تەتقىقات، ئىلمىي ماقالە يېزىش، پەن تەتقىقات تۈرى ئىلتىماس قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە يېتەكچى پىكىر بىلەن تەمىنلىدى.

جوۋ جيەن بىلەن بىر ئوقۇتۇش تەتقىقاتى ئىشخانىسىدىكى ياش ئوقۇتقۇچى جاڭ گې ئىزچىل ئىقتىساد ماتېماتىكىسى ساھەسىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىۋاتاتتى. جوۋ جيەن پەن تەتقىقات بايلىقىدىن تەڭ بەھرىمەن بولۇش، تېما تەتقىق قىلىشنى ئورتاق ئېلىپ بېرىش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق ئۇنىڭغا ياردەم بەردى. «پەن تەتقىقاتى جەھەتتە، ھەتتا تېما ئىلتىماسنامىسى يېزىش قاتارلىق ئىنچىكە ھالقىلارغىچە، جوۋ مۇئەللىم ماڭا ياردەملىشىپ ئەستايىدىل تۈزىتىپ بەردى. ھازىر مېنىڭ پەن تەتقىقاتتا تاللىغان تېمام مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا شىنجاڭ تەبىئىي پەنلەر فوندى تۈرىگە تاللاندى» دېدى جاڭ گې.

شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان ئوقۇتقۇچى بولۇش سۈپىتى بىلەن، جوۋ جيەن ئوقۇتۇش ۋەزىپىسىنى تاماملاش بىلەن بىللە، ھەر مىللەت ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ تۇرمۇشى ۋە پسىخىك ساغلاملىقىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى. جوۋ جيەن دائىم ياتاقلارغا كىرىپ ئوقۇغۇچىلار بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇپ سىردىشىپ، ئۇلارنىڭ قەلب ساداسىنى ئاڭلىدى.

ئالىي مەكتەپنىڭ 1 ـ يىللىق ئوقۇغۇچىسى بەختىگۈل تۇرغۇن تۇنجى قېتىم ئاتا ـ ئانىسىدىن ئايرىلىپ ناتونۇش مەكتەپ مۇھىتىغا كەلگەندە، ئۇنىڭ ئائىلىسى نامرات بولغاچقا، ئالىي مەكتەپ تۇرمۇشى ۋە كەلگۈسى ئىستىقبالىدىن ئازراق ئەندىشە قىلاتتى.

«بىر قېتىم كېچە سائەت 2گىچە تېلېفونلاشتۇق» دېدى جوۋ جيەن، «مەن ئۇنىڭغا ئۆزۈمنىڭ داشۆ تۇرمۇشۇم ۋە ئائىلەمنى سۆزلەپ بەردىم، مەن كۈرەش قىلىش ئارقىلىق تەقدىرىمنى ئۆزگەرتكەن كەچۈرمىشىم ئارقىلىق ئۇنى رىغبەتلەندۈردۈم، ئۇنىڭ جاسارەتلىك، غەيرەتلىك ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن».

«شىنجاڭلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى ناھايىتى ئاددىي ـ ساددا ئىكەن، ئۇلار تىرىشچانلىقى ئارقىلىق تېخىمۇ كەڭ سەھنىگە چىقىشنى ئارزۇ قىلىدىكەن، بىز، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان ئوقۇتقۇچىلار پۈتۈن كۈچىمىزنى چىقىرىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىختىساسلىقلاردىن بولۇپ يېتىلىشى، چېگرا رايون مائارىپىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن كۈچىمىزنى قوشىمىز» دېدى جوۋ جيەن.

**خېبېيدىن كېلىپ شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان كادىر ياڭ خەيبىن:**

### مەترېھىم بىلەن ئۆمۈرلۈك تۇغقان بولىمەن

«دۆلەت بايرىمى كۈنى، بىز كوللېكتىپ ھالدا خېبېينىڭ شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش قوماندانلىق ئىشتابىدا، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىنىڭ تېلېۋىزوردا بىۋاسىتە كۆرسىتىلىشىنى كۆردۇق، ئىككىنچى كۈنى خىزمەت ئورنىمىزغا قايتىپ كەلدۇق، شۇنىڭدىن كېيىنكى بىرنەچچە كۈندە مەن ئىزچىل ‹تۇغقىنىم›غا ياردەملەشتىم.» شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقىنىغا ئۈچ يىلچە بولغان چەرچەن ناھىيەلىك تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ياڭ خەيبىن بۇ قېتىمقى دۆلەت بايرىمىلىق دەم ئېلىش مەزگىلىدە بۇرۇنقىدىنمۇ ئالدىراش بولۇپ كەتتى.

«‹تۇغقىنىم›نىڭ كېۋەزلىرى ئېچىلىپ كەتكەچكە، بۇ بىرنەچچە كۈندە ئۇنىڭ پاختا تېرىشىغا ياردەملەشتىم» دېدى ياڭ خەيبىن.

2017 ـ يىلى 2 ـ ئايدا، تۆت كۈن يول يۈرۈپ، ياڭ خەيبىن تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىي گىرۋىكىدىكى شىنجاڭنىڭ چەرچەن ناھىيەسىگە كەلدى. شۇ يىلى 3 ـ ئايدا، ياڭ خەيبىننىڭ نامراتلارنى يوقلاش، قىيىنچىلىقى بارلارغا ياردەم بېرىشكە ئېھتىياجلىق يەنە بىر «تۇغقان»ى كۆپەيدى —— ئۇ ناھىيەلىك ئۈرۈقچىلىق مەيدانى 2 ـ گورۇپپىسىنىڭ كەنت ئاھالىسى مەترېھىم راخمان ئىدى.

«ياڭ ئاكام دائىم بىزنى يوقلاپ كېلىدۇ، بىزگە ياردەم بېرىدۇ» دېدى مەترېھىم. گەرچە ياڭ خەيبىننىڭ نەزىرىدە، ھەر قېتىملىق ياردەم تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق كىچىك ئىش بولسىمۇ، بىراق مەترېھىم ئۈچۈن ئېيتقاندا، ياڭ ئاكىنىڭ كېلىشى تۇرمۇشىنىڭ ئۈزلۈكسىز ياخشىلىنىشىنىڭ مۇھىم كاپالىتى ئىدى.

«ياڭ ئاكام بىزگە ياردەملىشىپ ھويلا ـ ئارانى تۈزلەپ بەردى، يول ياساپ بەردى، دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنى سېتىش يوللىرىنى ئالاقىلىشىپ بەردى، ھازىر يەنە ماڭا ياردەم قىلىپ مۇقىم خىزمەت تېپىپ بەردى» دېدى مەترېھىم.

مەترېھىمنىڭ ئىككى بالىسى بار، ياڭ خەيبىن ھەر قېتىم ئۇنىڭ ئۆيىگە كەلگەندە، دائىم باللار بىلەن بىللە ئويۇن ئويناپ، ئۇلارغا دەرس تەكرار قىلىپ بېرىدۇ. ئۈچ يىلدىن بۇيان، ھەر قېتىملىق دۆلەت بايرىمىلىق ئۇزاق دەم ئېلىشتا ياڭ خەيبىن بايرامنى مەترېھىم ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بىللە ئۆتكۈزدى.

«مۇناسىۋىتىمىز بارغانسېرى قويۇقلاشتى، ھازىر يېقىن تۇغقانلاردىن بولۇپ كەتتۇق»، گەرچە ئۇ ئۆز ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن جەم بولالمىغان بولسىمۇ، بىراق بۇ يەردە «تۇغقان»نىڭ چىرايىدىكى تەبەسسۇمنى كۆرگەندە، قىلغانلىرىمنىڭ ھەممىسى ئەرزىيدۇ، دەپ قارايدىكەن.

«يېقىندا مەن داۋاملىق شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشنى ئىلتىماس قىلدىم، بۇنىڭدىن كېيىن مەترېھىم ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بولغان رىشتەم تېخىمۇ چىڭىيىدىغان بولدى، بىز ئۆمۈرلۈك تۇغقان بولىمىز» دېدى ياڭ خەيبىن.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، ئۈرۈمچى، 10 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**

# يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇقىم ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئۇزاق مۇددەتلىك ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش

(بېشى 1 ـ بەتتە)

لوپنۇر ناھىيەسى پۈتۈن ناھىيەدىكى يېزا ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ تېگى ـ تەكتىنى ئېنىقلاپ تەكشۈرۈپ، ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ ماھارەت ئېھتىياجىغا ئاساسەن، تۈرگە ئايرىپ تەربىيەلەش پىلانى تۈزۈپ، تەربىيەلەشنىڭ دەل جايىدا بولۇش دەرىجىسىنى ئۆستۈردى.

«بىز لوپنۇر ناھىيەلىك ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت ئىدارىسى بىلەن يېزا ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىنى تەربىيەلەش كېلىشىمى ئىمزالىدۇق، ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرى زاۋۇتىمىزدا ئۈچ ئاي تەربىيەلىنىپ، بىۋاسىتە زاۋۇتىمىزدا ئىشقا ئورۇنلىشىدۇ.» بايىنغولىن ئوبلاستى خاۋيۇ توقۇمىچىلىق چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ مەسئۇلى ياڭ جيۈننىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، نۆۋەتتە، بۇ شىركەت ئەتراپىتىكى يېزىلاردىن 200دىن كۆپرەك ئارتۇق ئەمگەك كۈچىنى قوبۇل قىلىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرغان.

قەشقەر ۋىلايىتىدىكى ئالاقىدار تارماقلار ئەمگەك كۈچى جۇغلىمىشىنى كارخانىلارنى زىيارەت قىلىش، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، ئىش ئورنىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى ماھارەتنى ئۆستۈرۈش بويىچە تەربىيەلەش، ئالاقىدار سىياسەت ياردەم تولۇقلىمىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش قاتارلىق ئەھۋاللارنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، ئىشقا ئورۇنلىشىش ماھارىتى بويىچە چوڭ تەربىيەلەشنى ئومۇميۈزلۈك باشلىدى. مۇناسىۋەتلىك تارماقلار ئىشقا ئورۇنلىشىش ئارزۇسى ۋە تەربىيەلىنىش ئېھتىياجى بار ئەمگەكچىلەرنىڭ ھەممىسىنى تەربىيەلەش دائىرىسىگە كىرگۈزۈپ، «بىر ئادەمنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، بىر ئادەمنى تەربىيەلەش» تەلىپى بويىچە، تۈرگە ئايرىپ ئاساسىي ساپا تەربىيەسى، كەسپىي ماھارەت تەربىيەسى ۋە ئىگىلىك تىكلەش تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇپ، تەربىيەلەشنىڭ قاراتمىلىقى، ئۈنۈمدارلىقىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈردى.

باش تېما تەربىيەسىدە، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت ئىدارىسى زىيارەت قىلىش، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش داۋامىدا بايقالغان بىر قىسىم چەت يىراق تاغلىق رايونلاردىكى دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ كۆز قارىشى قالاق بولۇش مەسىلىسىگە قارىتا، مەخسۇس خادىم تەشكىللەپ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، سىرتقا چىقىپ ئىشلەپ بېيىغان ۋە يۇرتىغا قايتىپ ئىگىلىك تىكلىگەن ئىلغار تىپلارنى تەشۋىق قىلىپ، دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ ئىدىيەۋى قارىشىنى ئۆزگەرتىشكە ياردەم بېرىپ، تېخىمۇ كۆپ يېزا ئارتۇق ئەمگەك كۈچىنى تەربىيەلەنگەندىن كېيىن سىرتقا چىقىپ ئىشلەشكە سەپەرۋەر قىلدى.

### ■ يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش يوللىرىنى كېڭەيتىش

باش تېما تەربىيەسىدە، ئاپتونوم رايونىمىز دىققەتنى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 22 ئېغىر نامرات ناھىيەدە ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلىلەردىكى ئەمگەك كۈچلىرىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش قىيىن بولۇش مەسىلىسىگە مەركەزلەشتۈرۈپ، يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش يوللىرىنى يەنىمۇ كېڭەيتىپ، شەھەر ـ بازار، كارخانا، كەسپلەر باغچە رايونلىرىغا بىر تۈركۈمنى يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، شىنجاڭ ئىچىدە رايون ھالقىپ بىر تۈركۈمنى يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، ئىچكىرى جايلاردىكى شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان ئۆلكە، شەھەرلەرگە بىر تۈركۈمنى يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، يېزا ـ كەنتلەردىكى 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ كەسىپلەرگە بىر تۈركۈمنى يۆتكەپ يۇغۇرۇش ئارقىلىق، ئومۇمەن ئىشقا ئورۇنلىشىش ئارزۇسى بار، بەلگىلىك ماھارەت سەۋىيەسىگە ئىگە ئەمگەكچىلەرگە قارىتا، يۆتكەشكە تېگىشلىكلىرىنى تولۇق يۆتكەش، يۆتكەشكە بولىدىغانلىرىنى يۆتكەشنى ئىشقا ئاشۇردى.

«مەن كەنتىمىزدىكى ئاياغ زاۋۇتىدا ئىشلەيمەن، ئايلىق مائاشىم 2000 ـ 3000 يۈەن ئەتراپىدا، يەنە ئۆيدىكىلەرنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالالايمەن.» 10 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى، خوتەن ناھىيەسى سېغىزكۆل يېزىسى قۇمباغ كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى مېھرىگۈل روزىمەمەت خۇشال ھالدا مۇخبىرلارغا پۈتۈن كەنتىمىزدىن 21 كىشى بۇ ئاياغ زاۋۇتىدا ئىشلەۋاتىدۇ، دېدى.

باش تېما تەربىيەسى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، خوتەن ۋىلايىتىدىكى ئالاقىدار تارماقلار كارخانا، يېزىلارغا چوڭقۇر چۆكۈپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، يېزا ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ يۆتكىلىپ ئىشقا ئورۇنلىشىش ئېھتىياجىنى ئىگىلەپ، «سودىگەر ۋە مەبلەغ جەلپ قىلىش + ئىش ئورنى يارىتىش» قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق، توقۇمىچىلىق، كىيىم ـ كېچەك، ئېلېكترون قۇراشتۇرۇش، ئاياغ تىكىش قاتارلىق ئەمگەك كۈچى جۇغلانغان بىر تۈركۈم كارخانىنى خوتەندە ماكانلىشىشقا جەلپ قىلىپ، تېخىمۇ كۆپ يېزا ئارتۇق ئەمگەك كۈچىنى ئىشىك ئالدىدىلا خىزمەت تاپالايدىغان قىلدى. ھازىرغا قەدەر، پۈتۈن ۋىلايەتتە ئاياغ كارخانىسىلا 67گە يېتىپ، ئىشلەمچى خادىمدىن 23 مىڭنى قوبۇل قىلدى.

باش تېما تەربىيەسىدە، شىنجاڭ جۇڭتەي شىڭۋېي بىيو پەن ـ تېخنىكا چەكلىك شىركىتى پارتكومى بەنزىسىنىڭ ئەزالىرى ئاساسىي قاتلامغا چوڭقۇر چۆكۈپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، مەسىلە ۋە يېتەرسىزلىكلەرنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ تېپىپ، مەسىلە تىزىملىكى شەكىللەندۈرۈپ، مەخسۇس تۈزىتىش لايىھەسى تۈزدى. «شىركىتىمىز شىنجاڭ جىيكاڭدا قەغەزچىلىك چەكلىك شىركىتى بىلەن ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىق كېلىشىمى ئىمزالاپ، بىرلەمچى، ئىككىلەمچى كەسىپ زەنجىرى شەكىللەندۈرۈپ، شۇ جايدىكى 4000دىن كۆپرەك يېزا ئارتۇق ئەمگەك كۈچىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا تۈرتكە بولدى» دېدى شىنجاڭ جۇڭتەي شىڭۋېي بىيو پەن ـ تېخنىكا چەكلىك شىركىتىنىڭ باش مۇدىر ياردەمچىسى جاڭ جىشېڭ.

ئاپتونوم رايونلۇق ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتىنىڭ ئىستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، 8 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغا قەدەر، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا يېزا ئارتۇق ئەمگەك كۈچىدىن 2 مىليون 237 مىڭ ئادەم قېتىم يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، يىللىق نىشان ـ ۋەزىپىنىڭ 82.8%ى ئورۇندالغان؛ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 22 ئېغىر نامرات ناھىيەدە ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلىلەردىكى ئەمگەك كۈچلىرىدىن 62 مىڭ 247 ئادەم تەشكىللىك يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، يىللىق نىشان ـ ۋەزىپە 155.6% ئورۇندالغان.